# جۇڭگو مەھسۇلاتلىرى يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا كۈچ قوشتى

## — قول تۇتۇشۇپ يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش  جۇڭگونىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلىش

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

بىر كۈن ئىچىدە، چەت ئەلنىڭ بەش ھەربىي ئايروپىلانى شاڭخەيگە «مال ئالغىلى كەلدى»، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ترانسپورت ئايروپىلانى كۆپ قېتىم جۇڭگوغا كېلىپ ـ كېتىپ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى توشۇدى، كۆپ دۆلەتنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى يولۇچىلار ئايروپىلانلىرىنى ئىشلىتىپ، جۇڭگوغا داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى «ئالغىلى» كەلدى... بۇ مەزگىلدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى ئايروپىلانلىرى جۇڭگوغا كۆپ قېتىم كېلىپ، جۇڭگو ئىشلەپچىقارغان تۈركۈم ـ تۈركۈم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئېلىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئۇچتى.

يۇقۇم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى ھەرقايسى دۆلەتلەر جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك قىيىن مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا، جۇڭگو دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىرتقا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى ئۈزلۈكسىز يەتكۈزۈپ، يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنى مۇھىم «ئىستراتېگىيەلىك تەمىنات» بىلەن تەمىنلىدى. تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە، جۇڭگو 27 مىليارد 800 مىليون دانە ماسكا، 130 مىليون قۇر مۇداپىئە كىيىمى، 73 مىليون 410 مىڭ كىشىلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش تەجرىبە دورا قۇتىسى، 12 مىليون 570 مىڭ دانە ئىنفىرا قىزىل نۇرلۇق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش ئەسۋابى، 49 مىڭ 100 دانە نەپەسلەندۈرۈش ماشىنىسى، ئاغرىقنى كۆزىتىدىغان 124 مىڭ دانە كۆزىتىش ئەسۋابى، 43 مىليون 630 مىڭ دانە كۆز ئاسراش ئەينىكى، 854 مىليون جۈپ تاشقى كېسەل بۆلۈمى پەلىيى ئېكسپورت قىلغان. چەت ئەل تاراتقۇلىرى مۇنداق باھا بەردى: «جۇڭگو رېكورت يارىتىش سۈرئىتى بىلەن يەر شارى ئېھتىياجلىق داۋالاش بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، كىشىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى، بۇ، تارىخنى يارىتىدۇ».

كىشىلەرنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، جۇڭگو سۇجوۋدىكى بىر كارخانا ۋۇخەن يوللىغان 200 يۈرۈش دېزىنفېكسىيە ئۇسكۇنىسى زاكازىنى تاپشۇرۇۋالغان، يۇقۇم سەۋەبىدىن، ئىشچىلار ئىش ئورنىغا قايتالمىغان، كارخانا مەسئۇلى ئۆزى يالغۇز پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەر كۈنى پەقەت ئىككى سائەتتىن كۆپرەكلا ئۇخلاپ، ئۇدا 16 كۈن ئىشلەپ، بارلىق زاكازنى تاماملىغان، ئۇ مۇنداق دېدى: گەرچە جاپا تارتقان بولسامۇ، لېكىن بۇنى يۇقۇم سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغانلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھەرقانچە چارچىسامۇ ئەرزىيدۇ! ھاياتلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، بۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاددىي ـ ساددا قىممەت قارىشى، شۇنداقلا جۇڭگو مەھسۇلاتلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاكتىپ كۈچ. ۋىرۇس بىلەن ئېلىشىش، ئۆلۈم بىلەن بەسلىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، شارائىت ھازىرلانغان رايونلاردا، مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، تۈرلۈك كارخانىلارنى ساھە ھالقىپ كەسىپ ئۆزگەرتىشكە جىددىي سەپەرۋەر قىلدى، ئەسلىدە ئاپتوموبىل، يان تېلېفون، قۇياش ئېنېرگىيەسى، كاستۇم ـ بۇرۇلكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىنى ۋاقىتلىق تەڭشەپ، كەسىپ ئۆزگەرتىپ ماسكا ئىشلەپچىقاردى...

دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئېلان قىلغان دوكلاتتا مۇنداق دېيىلدى: يۇقۇم قوزغالغاندىن بۇيان، يەر شارى بويىچە جەمئىي 80 دۆلەت ماسكا، پەلەي قاتارلىق داۋالاش، قوغدىنىش ئۇسكۇنىلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلدى ياكى چەكلىدى. لېكىن جۇڭگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى ئەڭ كەسكىن بولغان ۋاقىتتىمۇ، ئەزەلدىن بۇنداق چەكلەش بۇيرۇقىنى چىقىرىپ باقمىدى. 4 ـ ئايدىن بۇيان، جۇڭگودا ئېكسپورت قىلىنغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىدا كۆرۈنەرلىك ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، كۈندىلىك ئوتتۇرىچە ئېكسپورت سوممىسى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى تەخمىنەن 1 مىليارد يۈەندىن يېقىنقى مەزگىلدىكى كۈندىلىك ئوتتۇرىچە ئېكسپورت سوممىسى 3 مىليارد يۈەندىن ئارتۇقراققا يېتىپ، بىر ئاي ئىچىدە سىجىل ئۈچ ھەسسە ئاشتى. «يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا نېمە ئېھتىياجلىق بولسا، بىز شۇنى ئىشلەپچىقاردۇق.» تېز سۈرئەتتە ئۇدا يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ ئارقىسىدىكىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ تەقدىرداش بولۇشقا بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەتنى قەيسەرلىك بىلەن زىممىسىگە ئېلىشىدۇر.

يۇقۇمغا قارشى جەڭ تولىمۇ جىددىي، ئازراقمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بۇ يىل 2 ـ ئايدا ۋۇخەنگە ياردەم بەرگەندىن كېيىن، يېقىندا، جۇڭگونىڭ چوڭ تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلانى ترانسپورت — 20 يەنە «سۇمۇرغ قانىتىنى قېقىپ»، تۇنجى قېتىم دۆلەت دەرۋازىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، پاكىستانغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جىددىي ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇدى. دۆلەتنىڭ مۇھىم قورالى بولغان چوڭ تىپتىكى ترانسپورت ئايروپىلانى نەچچە مىڭ چاقىرىم ئۇچۇپ، قىس ماددىي ئەشيالارنى ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا يەتكۈزدى، بۇنىڭدىن جۇڭگونىڭ يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشقا كۈچ قوشۇش ئىرادىسى ۋە ھەرىكىتىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق ھەرىكەت جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىش يوللىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن راۋانلاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك تىرىشچانلىقلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. يېقىنقى مەزگىلدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرىنى «يولۇچىلار ئايروپىلانىنى يۈك ترانسپورت ئايروپىلانىغا ئۆزگەرتىش»كە ئىلھاملاندۇرۇش، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتناش قېتىم سانىنى كۆپەيتىش، خەلقئارا تېز پاراخوت ترانسپورت يوللىرىنى ئېچىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى «تەمىنلەش لىنىيەسى»نى ئۈزلۈكسىز ئاچتى؛ نۇرغۇن شەھەرلەر ئېكسپورت قىلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى يېشىل يولنى ئېچىپ، كېلىشى بىلەنلا مەلۇم قىلىپ، تەكشۈرۈپ، تارقىتىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشتە «نۆل كۈتۈش»نى ئىشقا ئاشۇردى. يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، جۇڭگو ئىشلەپچىقارغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ھەر كۈنى ئەڭ تېز سۈرئەتتە جىددىي ئېھتىياجلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا توشۇلدى. نۆۋەتتە، جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى 194 دۆلەت ۋە رايونغا ئېكسپورت قىلىنىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشىنى زور مەدەت ۋە كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشتا، قىلچە بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. جۇڭگو مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى، ئۆلچەم تېخىمۇ يۇقىرى، تەكشۈرۈش تېخىمۇ قاتتىق بولدى. ۋەقەنى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنىڭدىن ئىلگىرى غەربتىكى بىر قىسىم كىشىلەر كۆپتۈرگەن ئاتالمىش «جۇڭگونىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ سۈپەت مەسىلىسى»نىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگو بىلەن چەت ئەلنىڭ ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئىشلىتىش ئادىتىنىڭ پەرقلىق بولۇشى، ھەتتا مەشغۇلاتنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان. شۇنداقتىمۇ، جۇڭگو سودا مىنىستىرلىقى، تاموژنا باش مەھكىمىسى، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش باش ئىدارىسى، دورا نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار ھاياتلىققا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، بىر ئاي ئىچىدە ئۇدا ئىككى قېتىم سىياسەت چىقىرىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروت، ئېكسپورت قاتارلىق نۇقتىلىق ھالقىلاردا، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ۋە داۋالاشتا ئىشلىتىلمەيدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ سۈپىتىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك جۇڭگو مەھسۇلاتلىرىنىڭ تېخىمۇ بىخەتەر، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە كۈچ قوشۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

پۈتۈن يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەم بىر مەيدان پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى، ھەم بىر مەيدان ماددىي ئەشيا كاپالىتى جېڭى. بۇ مەيدان جەڭدە «جۇڭگودا ياسالغان» ئۇرۇش ھالىتى ۋە ئۈنۈمى بىلەن پۈتۈن يەرشارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇسكۈنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، جىددىي قۇتقۇزۇش، داۋالاش زاپىسىنى تولۇقلاپ، ئىنسانلارنىڭ ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن بولغان بۇ مەيدان كۈرىشىدە غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن كېچە ـ كۈندۈز، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشماقتا.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغان بىر يىلدا

ۋەكىل جاۋ جىنلۇڭ:

# چىن ھېسسىيات، چىن قەلب بىلەن ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش

ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي يۈنيەن

«ساقچىخانىمىز مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى ‹فېڭچياۋچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى› بولۇپ باھالاندى، بۈگۈن ۋۇۋسكا ئېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى خۇڭمياۋزى ساقچىخانىسى 73 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ خەلققە قولاي ساقچى ئىشلىرى پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى جاۋ جىنلۇڭ خۇشال ھالدا.

تەۋەلىك رايونىنىڭ «ئامانلىقى قالايمىقان نۇقتا»دىن ئامما رازى بولىدىغان گۈزەل يۇرت ـ ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىشى خۇڭمياۋزى ساقچىخانىسىدىكى بارلىق خەلق ساقچىلىرى، ساقچى ياردەمچىلىرىنىڭ جان ـ دىل بىلەن خەلق ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

«بولتۇردىن بۇيان، مەن ھەر دائىم ئىش ئورنۇمدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداپ، ئاممىغا يېقىندىن مۇلازىمەت قىلدىم.» جاۋ جىنلۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، خۇڭمياۋزى ساقچىخانىسىنىڭ تەۋەلىك رايونىدا كوچا دېلولىرىنىڭ «يۈز بەرمەسلىك»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئەگىشىپ، خەلق ساقچىلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى تېلېگراف ئالدامچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەش بولغان. جاۋ جىنلۇڭ ۋە سەپداشلىرى تەۋەلىك رايوندىكى مەكتەپ، دوختۇرخانا ۋە ئولتۇراق رايونلارغا بېرىپ ئالدامچىلىققا قارشى تۇرۇش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپىدە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش»نىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلققە قولاي ساقچى ئىشلىرى پونكىتى «ئاممىنى ئاز قاتراتىپ، سانلىق مەلۇماتلارنى كۆپ قاتراتىش»تەك نۇرغۇن ئىقتىدارلارنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاممىنى نوپۇس، كىملىك، قاتناشنى باشقۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەر بويىچە مەسلىھەت بېرىش، جاۋاب بېرىش بىلەن تەمىنلەپ، تەرتىپ بويىچە يېتەكلەشنى ياخشى ئىشلىدى. «ھەر كۈنى ساقچىلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاممىنىڭ ياردەم تەلەپ قىلغان ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ» دېدى جاۋ جىنلۇڭ.

«بولتۇرقى ئەڭ جىددىي بىر قېتىملىق ساقچى ئەۋەتىش تەۋەلىك رايوندىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە بولدى، بىر ئائىلە باشلىقى باللار مەكتەپتىن قويۇپ بېرىلىدىغان ۋاقىتتا بالىسىنى ئالغىلى بارغان، لېكىن بالىسىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ دېلو مەلۇم قىلغان.» ئۇ كۈنى جاۋ جىنلۇڭ سەپداشلىرى بىلەن كۆپ تەرەپتىن ئىزدەپ، ئاخىر بالىنى تاپقان، ئەسلىدە بالا ئائىلە باشلىقىنى كۆرمەي، ئۆزى ئۆيىگە قايتقاندا ئاپتوبۇسقا خاتا چىقىپ قالغان ئىكەن.

خەلققە قولاي ساقچى ئىشلىرى پونكىتىدا يەنە مىكرو تىپتىكى ئوت ئۆچۈرۈش پونكىتى تەسىس قىلىنغان. «بىز ھەممىمىز ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى.» جاۋ جىنلۇڭنىڭ ئېيتىشىچە، بولتۇر، تەۋەلىك رايوندىكى بىر ئولتۇراق رايوندا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە، خەلق ساقچىلىرى بىرىنچى ۋاقىتتا بىر تەرەپ قىلىشقا يېتىپ بېرىپ، ئوتنى تېزدىن ئۆچۈرگەن.

زىددىيەت ـ ماجىرالارنى ھەل قىلىش توغرىسىدا، خەلق ساقچىلىرىمۇ مول تەجرىبىلەرنى توپلىغان. «تەۋەلىك رايوندىكى زىددىيەت ـ ماجىرالارنىڭ كۆپىنچىسى مۈلۈك ماجىراسى، قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، ئاپتوموبىل توختىتىش، ئەرمەك ھايۋان، شاۋقۇن قاتارلىق ھەممە تەرەپكە چېتىلىدۇ، بىز سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئەھۋالغا قاراپ قائىدە بويىچە تالاش ـ تارتىشنى ھەل قىلىپ، تەۋەلىك رايوننىڭ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇق» دېدى جاۋ جىنلۇڭ.

ئامما خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىللە، جاۋ جىنلۇڭ يەنە ئاممىنىڭ يۈرەك ساداسىغا قۇلاق سېلىپ، ۋەكىللىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاساسىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى. خەلققە قولاي ساقچى ئىشلىرى پونكىتى كۈتۈۋالىدىغان ئامما ئاز ئەمەس، بەزى ئاممىنىڭ جاۋ جىنلۇڭنى ئىزدەپ كېلىشى ئۇنىڭ خەلق ساقچىسى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن ئىدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، جاۋ جىنلۇڭ يەنە ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي «يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش» جېڭىگە ئاتلاندى، ئايرىپ ئورۇنلاشتۇرۇش مېھمانسارىيىدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدى، بۇ مەزگىلدە ئىزچىل ئۆيىگە قايتمىدى. «بىز ئايرىۋېتىشكە توغرا كېلىدىغان كىشىلەرنى تىزىملاپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدۇق».

بۇ مەزگىلدە، جاۋ جىنلۇڭ يەنىلا ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇش، خەۋەر كۆرۈش، خاتىرە قالدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بۇ يىللىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ۋەزىپەمنى ياخشى ئورۇنداپ، مەسئۇلىيىتىمنى ياخشى ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى بارغانسېرى بەختلىك قىلىمەن» دېدى جاۋ جىنلۇڭ.

# «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش»

# جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈشۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى

تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: «جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ‹يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش› ئەندىزىسىدە بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم، مەنمۇ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىغا داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىمەن» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى جياڭ پىڭئەن.

سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ يىغىنىدا، جياڭ پىڭئەن شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىرلىشىپ تەكلىپ بېرىپ، دۆلەت قاتلىمىدىن جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» كەسپىنى كېڭەيتىشنى قوللاپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» ئەندىزىسىنى كۆلەملەشتۈرۈپ، دائىملاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈشنى مۇستەھكەملەپ ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى مۇراجىئەت قىلدى.

جياڭ پىڭئەن مۇنداق دېدى: جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتنىغاندىن بۇيان، تېز تەرەققىي قىلىش بىلەن بىللە، يەنە نۆۋەتچى پويىزنىڭ قاتناش قەرەلى مۇقىم بولماسلىق، قېتىم سانى كۆپ بولماسلىق، ۋاقىت ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش تەس بولۇش، قايتىش سەپىرىدىكى مال مەنبەسىنى تەشكىللەش خىزمىتىگە كۈچىمەسلىك، يۈك بىلەن بېرىپ قۇرۇق قايتىپ كېلىش كەلتۈرۈپ چىقارغان تەننەرخ يۇقىرى بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇپ، بەلگىلىك دەرىجىدە دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا خەلقئارا يۈك ترانسپورت نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويىدى.

جياڭ پىڭئەن قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئىگىلىشىچە، ئۈرۈمچى تاموژنىسى يېڭىلىق يارىتىپ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» ئەندىزىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن ھەمكارلىق دائىرىسى كىچىك، مۇناسىۋەتلىك قائىدىلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش مېخانىزمى مۇكەممەل بولماسلىق قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» كەسپىنى دائىملاشتۇرۇپ يۈرۈشتۈرۈش دەرىجىسى يۇقىرى بولماي كەلگەن.

«‹يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش› ئەندىزىسى جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ يۈرۈش ۋە تىجارەتتىكى بوغما ھالەتنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك لايىھەسى، بۇ ئەندىزە جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ۋە كۆپ تەرەپنىڭ ئورتاق پايدا ئېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك يول» دېدى جياڭ پىڭئەن.

شۇڭا، جياڭ پىڭئەن قاتارلىق ئەزالار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ھازىر بار بولغان بايلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىنى بەرپا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ شەھەرلەرنىڭ ئۈرۈمچىنى يۈك يىغىلىش مەركىزى قىلىشنى قوللاپ، «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدە يۈكنى تەڭ توشۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ھەم ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالىنى جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ مۇقىم مەشغۇلات نۇقتىسى قىلىپ، يۈرۈش خەرىتىسىدە مۇقىم بېكىتىلگەن نۆۋەتچى پويىز قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ۋاگون تولۇقلاش، مال تولۇقلاش كەسپىنى قانات يايدۇرۇش تەكلىپىنى بەردى.

جياڭ پىڭئەن قاتارلىق ئەزالارنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جۇڭگو دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ناھايىتى تېز ئىنكاس قايتۇردى ھەم «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» كەسپىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى.

دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ قوللىشىدا، ئۈرۈمچى نۆۋەتتە ئىچكىرى رايونلاردىكى نۆۋەتچى پويىز شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» نۆۋەتچى پويىزىنى قاتناتقۇزدى ھەم «چۇڭچىڭ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» نۆۋەتچى پويىزىنى تاياانچ قىلىپ، «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» سىنىقى ۋە تۇنجى بېلەت «بىخەتەر ئەقلىي ئىقتىدارلىق سودا» ماللىرىنى ئەمەلىي تالون بويىچە سىناش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

بولتۇر شىنجاڭ تۇنجى بولۇپ ئىجاد قىلغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» تەشكىلىي ئەندىزىسى گوۋۇيۈەن ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ 5 ـ تۈركۈمدىكى ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەت بويىچە ئۈلگە ئېلىپ كېڭەيتىلدى. بۇ يىل 2 ـ ئايدا تاموژنا باش مەھكىمىسى ئون تۈرلۈك تەدبىر چىقىرىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تۈگۈن بېكەتتە ياكى يىغىلىش مەركىزى قۇرۇشنى قوللاش، تاموژنا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەشغۇلات سورۇنى (مەيدانى)دا مال تەشكىللەش كەسپى ۋە ئىچكى ـ تاشقى سودا ماللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ توشۇش كەسپىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مەزمۇنلار بار بولۇپ، «يېغىپ توپلاش ـ يېغىپ توشۇش» تەشكىللەش ئەندىزىسى ئارقىلىق، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ توشۇش ئىقتىدارى قويۇپ بېرىلدى.